# 103881 - هاراق ئارىلاشتۇرۇپ گۆش پۇشۇرۇشنىڭ ھۆكمى

## سوئال

سوئال:
بەزى تىز تاماقخانا ۋە رېستورانتلاردا گۆشنى ئالاھىدە تەملىك ۋە يېيىشلىك قىلىش ئۈچۈن، گۆشكە ئىسپىرتلىك ئىچىملىك، هاراققا ئوخشاش هارام قىلىنغان نەرسىلەرنى ئارىلاشتۇرۇپ پۇشۇرىدۇ، بۇنداق قىلىشى توغرىمۇ؟.

## تەپسىلى جاۋاپ

جاۋاب:
بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر.
هاراقنىڭ هاراملىقى مۇسۇلمانلارنىڭ بىلىشى مۇھىم بولغان مەسىلىلەردىن ھەم ئاقىۋىتى خەتەرلىك چوڭ گۇناھلاردىن ھېسابلىنىدۇ. هاراقنىڭ هاراملىقى ھەققىدە قۇرئاندا كۆپ ئايەتلەر بايان قىلىنغان. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: **«ئى مۆمىنلەر! هاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، بۇتلار(يەنى چوقۇنۇش ئۈچۈن تىكلەنگەن تاشلار)غا چوقۇنۇش، پال ئوقلىرى بىلەن پال سېلىش شەيتاننىڭ ئىشى، پاسكىنا قىلىقلاردۇر، بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن شەيتاننىڭ ئىشىدىن يىراق بولۇڭلار»**. هاراقنى ھەرقانداق شەكىل بىلەن ئىستىمال قىلىش هارام قىلىنغان بولۇپ، يېمەك-ئىچمەككە ئارىلاشتۇرۇپ گۆش ۋە سەي قورۇش چەكلىنىدۇ(يەنى هارام بولىدۇ).
پىقھى توپلاملىرىنىڭ 2595- بەتلىرىدە مۇنداق دېيىلگەن: "گۆشنى هاراق بىلەن پىشۇرۇپ، شورپىغا هاراق قۇيۇپ ئىچكەن كىشىگە شەرىئەتتە ھەد(يەنى شەرىئەت جىنايى ئىشلار قانۇنىدا جازا بېرىلىدۇ) ئۇرۇلىدۇ. ئەگەر هاراقتا خېمىر قىلىپ نان ياكى باشقا تاماق قىلىپ ئىستىمال قىلىشمۇ هاراق ئىچكەنگە ئوخشاش ھېسابلىنىدۇ، بۇ ھەقتە شافىئىي ۋە ھەنبەلى مەزھەبلىرىدە ئوچۇق ئىسپاتلار بار.
ھەنەفىي مەزھەپ پىقھى كىتابلىرىدىن بولغان، سەرخەسىنىڭ **«مەبسۇت»** دېگەن كىتابىنىڭ 24 25-بەتلىرىدە: "هاراق بىلەن يۇغۇرۇلغان خېمىردا پىشۇرۇلغان ناننى يېيىش چەكلىنىدۇ(هارام بولىدۇ). چۈنكى ئۇنىڭغا هاراق ئارلاشتۇرۇلغانلىقى ئۈچۈن پاسكىنا بولدى، پاسكىنا خېمىردا پىشۇرۇلغان ناننى ئىستىمال قىلىشقا بولمايدۇ دېيىلگەن".
يەنە 23/24- بەتلىرىدە: "گۆشنى هاراقتا پىشۇرۇش شورپا قىلىش ۋە بۇنى يېيىش-ئىچىش توغرا ئەمەس، بۇ هاراقنى تېتىتقۇ ئورنىدا ئىشلەتكەنگە ئوخشاش بولۇپ، بۇنداق قىلىشنىڭ توغرا ئەمەس ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ ئۆتتۇق" دېيىلگەن.
بۇ كىتابتا سۆزلەنگەن مەسىلە، يۇقىرىقى سورالغان سوئالغا بەك مۇناسىپ كېلىدۇ، بۇ هاراقنى تېتىتقۇ ئورنىدا

ئىشلەتكەنلىكتىن ئىبارەت، گۆشنى ھاراقتا چىلاپ ياكى ھاراق بىلەن تازىلاپ ئىشلىتىش توغرا ئەمەس، شۇنداقلا ھاراق بىلەن سەي قورۇشمۇ توغرا ئەمەس. مۇسۇلمانىنىڭ ھاراقتىن ۋە ئىستېمال قىلىنىدىغان ئورۇنلاردىن يىراق تۇرۇشى ئالاھىدە بۇيرۇلغان بولۇپ، تاماق تەييارلاشتا ھاراق ئارىلاشتۇرىدىغان تاماقخانا ۋە رېستورانتلارغا كىرمەسلىك ۋە باشقىلارنىڭ كىرىشىنىمۇ توسۇشى كېرەك، مۇمكىن بولسا ئاشخانا ۋە رېستورانت خوجايىنلىرىغا ۋاستىلىق ۋە ۋاستىسىز يوللار بىلەن نەسىھەت قىلىپ بۇ قىلمىشىدىن چەكلەش، باشقا بىلمىگەن كىشىلەرنىمۇ بۇنىڭغا ئوخشىغان رېستورانت ۋە تاماقخانىلارغا كىرىشىدىن ئاگاھلاندۇرۇش كېرەك.